# پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇئەززىنى

# بىلال ئىبنى رەباھ

پەيغەمبەر ئارسلانلىرى



غۇنچىلار

مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

پەيغەمبىرىمىز مەككىدە مۇشرىكلارنى ئىسلامغا ئاشكارا دەۋەت قىلدى. مۇشرىكلار دەۋەتنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى پەيغەمبىرىمىزگە دەۋىتىدىن ۋاز كېچىش ئۈچۈن مال - دۇنيا ۋە ھوقۇق - مەنسەپ تەكلىپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى.




هەي ئەبۇ تالىب، ئىمارە ئىبنى ۋەلىد قۇرەيشلەر ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل يىگىت، سەن ئۇنى بالا قىلىۋېلىپ مۇھەممەدنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگىن.
نېمانداق قاملاشمىغان گەپ قىلىسىلەر؟! سىلەر بالاڭلارنى بېقىپ بېرىشىمگە تاپشۇرسىلەر، مەن بولسام بالامنى ئۆلتۈرۈشۈڭلارغا تاپشۇرامدىم؟

قۇرەيشلەر بىلال، ئەممار، ئەممارنىڭ دادىسى ياسىر، ئانىسى سۇمەييە قاتارلىق ئىسلامغا كىرگەن كىشلەرنى قىيناشقا باشلىدى. لېكىن ئۇلار قاتتىق ئازاب – ئوقۇبەتكە قارىماي دىنىدا مۇستەھكەم تۇردى.




قۇرەيشلەر ئاۋۇ يەردە كىمنى قىيناۋاتىدۇ؟
ئۇمەييە ئىبنى خەلەف بىلالنى قىيناۋاتىدۇ، چۈنكى بىلال مۇسۇلمان بوپتۇ.


بىلەمسەن، بىلال شۇنچە ئېغىر
ئازابلارغا قارىماي باشتىن
ئاخىرىغا پەقەت «ئاللاھ بىر»
دېگەن سۆزنى ئېيتىۋاتىدۇ.
ئاللاھ بىر،
ئاللاھ بىر ...


ئەبۇ بەكرى بىلانى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىپتۇ، خەۋىرىڭ بارمۇ؟
شۇنداق، پىقىندا خەۋەر تاپتىم.

بىلال ئەركىنلىككە ئېرىشىپ باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن قۇتۇلدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ سۆھبىتىدە بولۇش نېئمىتىنى ئاتا قىلدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.



بىلالنىڭ ئاۋازى گۈزەل ئىدى، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ئەزان ئېيتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەدىنىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇئەززىنى بولۇپ قالدى.

ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ...



پەيغەمبىرىمىز جەننەت زىيارىتىدىن كېيىن بىلالغا جەننەت بىلەن بىشارەت بەردى. پەيغەمبىرىمىز جەننەتتە ئۇنىڭ قەدەملىرىنىڭ تىۋىشلىرىنى ئاڭلىغان ئىكەن. پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغان كۈنى بىلال پىشىن نامىزىغا ئەزان توۋلىدى، ئۇ ئەزان توۋلاپ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن يەرگە كەلگەندە رەسۇلۇللاھقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قاتتىق يىغلاپ كەتتى.



هېكايىدىن ئۆگەنگەنلىرىمىز:

- بىلال ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن شۇنچە ئازابلانغان بولسىمۇ ئىسلامدىن ۋاز كەچمىدى.
- بىلال ئىبنى رەباھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى ئىدى.
- پەيغەمبىرىمىز بىلال ئىبنى رەباھقا جەننەت بىلەن بىشارەت بەرگەن.

